السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# غازاتقا چىققان جامائەت ياكى قوشۇن غەنىمەت ئېلىپ، سالامەت قايتسا، ئەجىرلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى نەق ئېلىپ بولغان بولىدۇ، غازاتقا چىققان جامائەت ياكى قوشۇن غەنىمەت ئالالماي، تالاپەتكە ئۇچرىسا ئەجىرلىرى تولۇق بولىدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «غازاتقا چىققان جامائەت ياكى قوشۇن غەنىمەت ئېلىپ، سالامەت قايتسا، ئەجىرلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى نەق ئېلىپ بولغان بولىدۇ، غازاتقا چىققان جامائەت ياكى قوشۇن غەنىمەت ئالالماي، تالاپەتكە ئۇچرىسا ئەجىرلىرى تولۇق بولىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىسنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار: بىرىنچى مەنىسى: قانداق بىر قوشۇن دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، جەڭدىن سالامەت قايتقان ۋە غەنىمەت ئالغان بولسا، ئۇنىڭ ئەجرى: جەڭ قىلىپ، جەڭدىن سالامەت قايتمىغان ياكى سالامەت قايتقان بولسىمۇ غەنىمەت ئالالمىغان يەنە بىر قوشۇندىن ئازراق بولىدۇ، نەۋۋى بۇ مەنىنى كۈچلۈك دەپ قارىغان. ئىككىنچى مەنىسى: بۇ ھەدىس غەنىمەتنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە دەلىل بولۇپ، ئەجرنى كېمەيتىۋېتىش مەنىسىدە ئەمەس، ئۇنىڭدا پەقەت بىر قىسىم ئەجرى-مۇكاپاتنى دۇنيادىلا ئىلگىرى ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، غەنىمەت ئالغانلار بىلەن ئالمىغانلار باراۋەر، ئەمما دۇنيادا غەنىمەتكە ئېرىشكەنلەر، ئاخىرەتتىكى ئەجرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالدىنئالا ئالغان بولىدۇ، غەنىمەت ئالمىغانلار ئاخىرەتتە ئەجرنى تولۇق ئالىدۇ، بۇ مەنىدە غەنىمەت ئالغان ۋە ئالمىغانلار يەنىلا باراۋەر، ئۇرۇشتا غەنىمەت ئالمىغانلارغا ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە غەنىمەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىگە مۇكاپاتنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئىبنى ئابدۇل بەر رەھىمەھۇللاھمۇ شۇنداق دېگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6392

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee